# گۆش گىردە

## (Meat Samosas)

ئۇ يانغا تاشلاپ ئوينسۇن ، بۇ يانغا تاشلاپ ئوينسۇن
ئۇ يانغا تاشلاپ ئوينسۇن ، بۇ يانغا تاشلاپ ئوينسۇن
ئا بىزنى ئەسكى دېگەنلەر ، ئاھ يۈرىكىم دەپ يىغلىسۇن
ئا بىزنى ئەسكى دېگەنلەر ، ئاھ يۈرىكىم دەپ يىغلىسۇن.

ۋاژىۋۇلىلىك ۋاژىۋۇل گۆش گىردە
خوتەندە ياققان گۆش گىردە
يالغان بولسا يەپ بېقىڭا
قوي گۆشىدە ياققان گۆش گىردە
يالغان بولسا چايناپ باقسىلا
تونۇردا پىشقان گۆش گىردە.

ئا ئۇستام ياقىدۇ توخۇنىڭكىدە
ئا بىزمۇ ياقمىز چۈجىنىڭكىدە
ئا ئۇستام ياقىدۇ توخۇنىڭكىدە هە
ئا بىزمۇ ياقمىز چۈجىنىڭكىدە
ئا ئۇستام ياقىدۇ بۇقىنىڭكىدە
ئا بىزمۇ ياقمىز تېكىنىڭكىدە
ئا ئۇستام ياقسىمۇ ئالمايدۇ
ئا بىزمۇ ياقساق قالمايدۇ
ئا ئۇستام ياقسىمۇ ئالمايدىكەن
ئا بىزمۇ ياقساق قالمايدىكەن.

ۋاژۇلۇلۇك ۋاژۇلۇل گۆش گىردە
خوتەندە ياقان گۆش گىردە
يالغان بولسا يەپ بېقىڭە
قوي گۆشىدە ياقان گۆش گىردە
يالغان بولسا چايناپ باقسىلا
چاۋاياغدا ياقان گۆش گىردە.

ئازنا بازارنىڭ نەقى بار
يەكشەم بازارنىڭ يوقمىكىنە
ئازنا بازارنىڭ نەقى بار
يەكشەم بازارنىڭ يوقمىكىنە
ئا ئاداشنىڭ دوستى بار
ئې ما ئاداشنىڭ يوقمىكىنە
ئا ئاداشنىڭ دوستى بولسا
ئې ما ئاداشنىڭ يوقمىكىنە.

ۋاژۇلۇلۇك ۋاژۇلۇل گۆش گىردە
خوتەندە ياقان گۆش گىردە
يالغان بولسا چايناپ باقسىلا
قوي گۆشىدە ياقان گۆش گىردە
يالغان بولسا چايناپ باقسىلا
خوتەندە ياقان گۆش گىردە.

ئازنا بازارنىڭ نەقى بار
چارشەن بازارنىڭ يوقمىكىنا
ئازنا بازارنىڭ نەقى بار
چارشەن بازارنىڭ يوقمىكىنا.

گۆش گىردىنى ئوبدان  ياقىسلا
خىدا كىلىشكە پەقى بار
گۆش گىردىنى ئوبدان ياقىسلا
خىدا كىلىشكە پەقى بار.

مە كېلىڭە خېرىدار قومۇراپ بېرەي
سوغاق سۇغا دىككىدەك چومۇراپ بېرەي
مە كىلىڭە خېرىدار قومۇراپ بېرەي
سوغاق سۇغادىككىدەك چومۇراپ بېرەي.

ۋاژىۋىلىك ۋاژىۋىل گۆش گىردە ھەي
خوتەندە ياقىقان گۆش گىردە
يالغان بولسا چاينىاپ باقىسلا
تونۇردا پىشقان گۆش گىردە.

ئازنا بازارنىڭ نەقى بار
يەكشەن بازارنىڭ يوقىمىكىنە
ئازنا بازارنىڭ نەقى بار ۋاي
يەكشەن بازارنىڭ يوقىمىكىنە.

ئوسمىنى قاشقا قوياك
ئەر ئېلىشقا پەقى بار
ئوسمىنى قاشقا قوياك
خېنىنى تىرناقىغا
ھورۇن خوتۇننى راسا ئۇرۇڭا
ئوشۇقىنىڭ قىڭراقىغا.

دۇتۇرۇمنى قويدۇم دوككىدە
سەكرەپ چۈشتۈم باغدىن پوككىدە
دۇتۇرۇمنى قويدۇم دوككىدە
سەكرەپ چۈشتۈم باغدىن پوككىدە.

ئا خۇمارىغا چىدىيالماي
سۆيدۇم خېنىمنى چوككىدە
ئا ئېغىر كەلگەن ئوخشايدۇ
يىقىلىپلا چۈشتى پوككىدە
يىقىلىپلا چۈشتى پوككىدە.